# كۆپ دۆلەتتىكى زاتلار ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىغانلىقىنى تەنقىدلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق مۇخبىرلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال خەۋىرى ئۇدا بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، كۆپ دۆلەتتىكى زاتلار شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق كۆرسەتتى: ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللاپ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تىرىشچانلىقىنى بۇرمىلاپ، تۆھمەت چاپلاپ، كىشىلىك ھوقۇق ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدىكى قوش ئۆلچىمى ھەمدە جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشتەك رەزىل نىيىتىنى ئاشكارىلىدى.

ئەنگلىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باش شۇجىسى روبېرت گرىففىس مۇنداق دېدى: ئۆزۈم شىنجاڭدا زىيارەتتە بولغاندىكى كەچۈرمىشىم، كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمغا ئاساسەن، «بارلىق ئەيىبلەشنىڭ ھەممىسىنىڭ چىن ئەمەس»لىكىنى بىلىمەن، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ماقۇللىغان شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ئامېرىكىنىڭ «ھاكاۋۇرلۇق ۋە يولسىزلىق بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىشىنىڭ يەنە بىر دەلىلى»، ئۇلار پەقەت كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىك ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى تۇتقا قىلىپ، جۇڭگونىڭ مەنپەئەتى ھەم دۇنيادا كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان شۆھرىتىگە زىيان يەتكۈزۈشنىلا ئويلايدۇ.

پاكىستان پاكىستان ـ جۇڭگو تاراتقۇ مۇنبىرىنىڭ مەسئۇلى سۇدان خالى مۇنداق دېدى: ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىغانلىقى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا بىۋاستە ئارىلاشقانلىق. مەن ئىلگىرى شىنجاڭغا بېرىپ زىيارەتتە بولغان، شۇڭا مەن غەرب تاراتقۇلىرىدا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئەھۋاللارغا قارىتا كۆپلىگەن ساختا تەشۋىقاتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىمەن. تېررورىزمنىڭ رايون چېگراسى يوق بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەجرىبىسى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ.

ئافغانىستان «ئافغانىستان ۋاقىت گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى مەنسۇر فايىز جۇڭگونىڭ شىنجاڭدا قوللانغان ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: مەن يېقىندا شىنجاڭغا بېرىپ زىيارەتتە بولدۇم، مەن كۆرگەن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى غەرب تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋەرلىرى بىلەن زور پەرقلىنىدۇ، كەيپىيات ئەركىن، دوستانە بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار كەلگۈسىدە بۇ يەردە ئۆگەنگەن كەسپىي ماھارىتىگە تايىنىپ خىزمەت تېپىپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

قىرغىزىستاننىڭ سىياسىي ئانالىزچىسى مارس سالىيېۋ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئەمەلىيەت ئاللىقاچان ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا قوللانغان بىر قاتار سىياسەت ۋە تەدبىرلەر شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكى ۋە مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنى قوغداشقا پايدىلىق. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىغانلىقى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشقانلىق، بۆلگۈنچىلىكنى قوللىغانلىق، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنغانلىق. شىنجاڭنىڭ ئىشى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى بولۇپ، ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق.

سۈرىيەنىڭ جۇڭگو مەسىلىلىرى مۇتەخەسسىسى ئامرو مېكداد مۇنداق دېدى: ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىغانلىقى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئاشكارا ئارىلاشقانلىق، زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياسىتىنىڭ ئىپادىسى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئاساسەن شىنجاڭدا يولغا قويغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرى شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقىغا ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلىپلا قالماي، يەنە دۇنيانىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن پايدىلىق تەجرىبە بىلەن تەمىنلىدى ۋە مۇھىم تۆھپە قوشتى.

ئىران مۇستافا پەن ـ تېخنىكا فوندى جەمئىيىتى ئاممىۋى مۇناسىۋەت بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى سەيد مىرھاشىم مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بىر دۆلەتنىڭ ئۆزىنىڭ مىللەت، دىن ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ، بۇ ئىچكى ئىش كاتېگورىيەسىگە تەۋە، سىرتنىڭ ھەرقانداق ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئىران مۇخبىرىنىڭ شىنجاڭدا ئېكسكۇرسىيەدە، زىيارەتتە بولغاندىن كېيىن يازغان خەۋىرىدە رەڭدار، ئىناق شىنجاڭ تونۇشتۇرۇلدى.

مالايسىيا تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى داشۆسىنىڭ سىياسىيشۇناسلىق پروفېسسورى ئاسىم ھاسان مۇنداق قارىدى: ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدىكى ئۇسۇلى خەلقئارا جەمئىيەتنى ئامېرىكىنىڭ غەرىزىدىن گۇمانلاندۇرىدۇ. مالايسىيامۇ ئىلگىرى كىشىلىك ھوقۇق، سودا قاتارلىق مەسىلىلەردە ئامېرىكىنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغان ۋاستە بىلەن بېسىم ئىشلىتىشىگە ئۇچرىغان. ئامېرىكا ھە دېسىلا كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى تۇتقا قىلىپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىدۇ، بۇ ئۇنى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپ ـ خەتىرىگە دۇچار قىلدى.

ئېكۋادور دۆلەت ساقچى شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى سانتىئاگو ئالۋاي مۇنداق قارىدى: ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللاپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشتىكى مەقسىتى جۇڭگوغا ئاۋارىچىلىك پەيدا قىلىپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىغا كاشىلا قىلىپ، جۇغراپىيەلىك سىياسىي كۈچ سىنىششتا تېخىمۇ زور مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

**(قاتناشقان مۇخبىرلار: سۈن شياۋلىڭ، لى خاۋ، چېن شىن، زوۋ دېلۇ، گوۋەن جيەنۋۇ، جېڭ يىخەن، مۇ دۇڭ، لىن خاۋ، خاۋ يۈنفۇ)**

# شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ۋە پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشقا قەتئىي تەۋرەنمەي تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئالاھىدە ئىمتىياز بولماسلىق ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، بىر قولدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تۇتۇش، بىر قولدا پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھوقۇق يۈرگۈزۈشكە بولغان چەكلىمە ۋە نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۆزىتىش شەمشىرىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، چىرىكلىكنى جازالاش ـ تۈزەش خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇتلەق غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەپ، راۋاجلاندۇرۇپ، چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىستىل دۈرۈس، كەيپىيات توغرا بولغان سىياسىي ئېكولوگىيە بەرپا قىلىپ، يۇقىرى ساپالىق، كەسپلەشكەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە پولات قوشۇنىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا يەنە مەركەز «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ «‹مەنزىرىلەرنى يورۇقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى›نى زىيادە ئاشۇرۇۋېتىش قاتارلىق ‹سىياسىي نەتىجە قۇرۇلۇشى›، ‹يۈز ـ ئابرۇي قۇرۇلۇشى› مەسىلىلىرىنى تۈزەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»ى يەتكۈزۈلدى. يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئۇقتۇرۇش»تىكى تەلەپلەرگە ئەستايىدىل سىڭدۈرۈپ، قەتئىي تۈردە «مەنزىرىلەرنى يورۇقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى»نى زىيادە ئاشۇرۇۋېتىش قاتارلىق «سىياسىي نەتىجە قۇرۇلۇشى» «يۈز ـ ئابرۇي قۇرۇلۇشى» مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەش مەزمۇنىغا كىرگۈزۈش كېرەك. توغرا سىياسىي نەتىجە قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاساسىي مەقسىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، شەكلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي يېڭىپ، مالىيە كۈچىنى ھەققىي تۈردە تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشىدىكى جىددىي ئېھتىياجلىق ساھەلەرگە ئىشلىتىپ، خەلق ئاممىسى غەم قىلىدىغان ئىشلار، باش قاتۇرىدىغان ئىشلار، ئەندىشە قىلىدىغان ئىشلارنى ھەقىقىي ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. ئۆزىنى تەكشۈرۈش، باھالاشنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇپ، رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش ـ تۈزىتىشنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇش كېرەك، ھەرقايسى جايلاردىكى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىلىرى ئۆزىگە تەتبىقلاپ، تۈزەش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەيدەكچىلىك ـ يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، تۈزەش خىزمىتىنى قاتتىق، پۇختا، ياخشى تۇتۇشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شىنجاڭنىڭ دىن ساھەسىدىكى زاتلار:

# ئامېرىكا تەرەپنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىپ، شىنجاڭغا بوھتان چاپلاش نىيىتى رەزىل

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى يۈ تاۋ

شۇ جاي ۋاقتى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئالمىش تالمىش «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى» ماقۇللاپ، خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى دەپسەندە قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، «كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش» قاتارلىق ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان سۆزلەر بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە بوھتان چاپلىدى، شىنجاڭغا قارا چاپلىدى. شىنجاڭنىڭ دىن ساھەسىدىكى زاتلار بەس ـ بەستە ئىنتايىن غەزەپلىنىدىغانلىقىنى، قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئامېرىكا تەرەپنىڭ بۇ قىلتىمىقى كۆلكىلىك ئويۇنى شىنجاڭنىڭ ئىشىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇش رەزىل نىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى، ئامېرىكا تەرەپنىڭ سۇيىقەستى جەزمەن مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، دەپ قارىدى.

**جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا تاشقى كۈچلەرنىڭ ئارىلىشىشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ**

«شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شىنجاڭنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشى بولۇپ، ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ ئارىلىشىشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ» دېدى شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنىنىڭ يۈەنجاڭى ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز.

ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭغا ئەسەبىي ئىدىيە سىڭىپ كىرىپ، يامراپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈز بېرىپ، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزدى، كىشىلەر ھەر كۈنى جىددىيلىك، ۋەھىمە ئىچىدە ياشىدى. ھازىر، شىنجاڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىدىكى قانۇن بويىچە زەربە بېرىش ئارقىلىق مەنبەدىن تۈزەشكە ئەھمىيەت بەردى، ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەسى يۈز بەرمىدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

«شىنجاڭ مەسىلىسى مىللەت، دىن، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىققا، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى» دېدى جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاق مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابدۇشۈكۈر رەھمىتۇللا.

ئابدۇشۈكۈر رەھمىتۇللا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئالدىنقى بىرنەچچە يىلدا، ئەترابىمدىكى بىرقانچە ئاممىنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىغا ئۆزۈم بىۋاستە گۇۋاھ بولدۇم، بەزىلىرى مەسچىتكە كىرىپ نورمال دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشۋاتقان دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى «كاپىر» دەپ قارىدى، بەزىلىرى بالىلىرىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىغا يول قويمىدى، بەزىلىرى «غازات يولىدا شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ»نى، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشنى تەرغىب قىلدى، بەزىلىرى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلمىدى، ياشانغانلارغا ۋاپادار بولمىدى، باللىرىنى باقمىدى قاتارلىقلار. «ئەگەر دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى قىلچە تەپ تارتماي ئۆز مەيلىچە داۋاملىق تارقىتىۋەرسە، شىنجاڭنىڭ يەنە ئەتىسى بولامدۇ؟ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ يەنە بەختلىك تۇرمۇشى بولامدۇ؟»

«شىنجاڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغاندا، ئامېرىكىنىڭ كارى بولمىدى؛ ھازىر جەمئىيەت مۇقىم بولدى، ئەمما ئۇلار ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار ‹قانۇن لايىھەسى› ئويدۇرۇپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى مىللىي ئازازلىق پەيدا قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭنى ئايرىپ چىقىپ كېتىش.» شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنى قەشقەر شۆبە شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ھەببۇللا ياسىن مۇنداق دېدى: «بىز ئامېرىكا، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ جۇڭگوغا، شىنجاڭغا كەلسە ـ كەلمەس قول تىقىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز، بىز ھەرقانداق دۆلەت، ھەرقانداق كۈچ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھەرقانداق ئۇسۇل ئارقىلىق بىزنىڭ بۈگۈنكى تەستە قولغا كەلگەن گۈزەل تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمايمىز».

**شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرى ئۈنۈملۈك بولدى، ئەسقاتتى**

«شىنجاڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، جىنايى قىلمىشى يېنىك ياكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇپ، ئەڭ زور چەكتە يۇقىرىلارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراشتىن ساقلىنىشقا كاپالەتلىك قىلدى» دېدى ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز.

ئاقسۇ ۋىلايىتى ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ كومسوموللار بازىرى تۆۋەنكى جام كەنتىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى ئەخمەت ئوسمان مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرگە قارىتا ھەقسىز تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىشى زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنىڭ كۆپ يۈز بېرىشى، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىشىنى توسۇش، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقىنى يوقىتىشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، شۇنداقلا تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە قانۇن سەۋىيەسىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈش، ئەمگەك ماھارىتى ئىگىلىتىش، ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، تېخىمۇ مۇھىمى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى.

«تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى مەكتەپ خاراكتېرىگە تەۋە بولۇپ، ئۇ يەردە كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار سەپلەنگەن، قانۇن بىلىملىرى، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، كەسپىي ماھارەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئوقۇتۇش قانات يايدۇرۇلۇپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئەسەبىزم ئىدىيەسى ئۈزلۈكىدىن تۈگىتىلىدۇ.» قەشقەر ۋىلايىتى يەكەن ناھىيەسىنىڭ يەكەن بازىرى يېپەك مەھەللىسىدىكى ئالتۇن مەسچىتنىڭ خاتىپى ئابدۇۋەلى ئابلىمىت مۇنداق دېدى: «مەن ناھايىتى كۆپ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى نەق مەيدانىغا بارغان، مەيلى تەربىيەلىنىشنى قوبۇل قىلىۋاتقان تەربىيەلەنگۈچىلەر بولسۇن ياكى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بولسۇن، تەربىيەلىنىشكە قاتنىشىشنى ئىنتايىن قوللايدۇ».

«بىلىشىمچە، كەنتىمىزدىكى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىگە ياتاقلىق تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئۆيىگە قايتالايدىكەن، ئىشى بولسا رۇخسەت سورىيالايدىكەن، ھەر ۋاقىت ئۆيىدىكىلەر، دوستلىرى بىلەن ئالاقىلىشالەيدىكەن، تېلېفونلىشالايدىكەن.» ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى توققۇزتارا ناھىيەلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى، توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ جىرغىلاڭ يېزىسىدىكى ئوشاغاندى مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئەسەبىدىن سەمەت مۇنداق دېدى: «تەربىيەلەنگۈچىلەر تەربىيەلەنگەندىن كېيىن، باشقا بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالغاندەك، ئەدەپلىك، ئەمگەكنى سۆيىدىغان، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان، قانۇننى بىلىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان بولدى، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپلا قالماي، يەنە رازى بولغۇدەك خىزمەت تاپتى. دەل تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەربىيەلەنگۈچىلەرنى ۋاقتىدا قانۇنغا خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىدىن قايتۇرۇپ كەلدى».

ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز مۇنداق دېدى: «بۇ يىلدىن بۇيان، مەن 40 نەچچە تۈركۈمدىكى چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈۋالدىم، ئۇلار بەس ـ بەستە تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇسۇلغا يۇكسەك باھا بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى مۆۋجىزىۋى ئۆزگىرىشلەرنى ئالقىشلىدى، شىنجاڭ ناھايىتى گۈزەل بولۇپلا قالماي، بەلكى ناھايىتى بىخەتەر ئىكەن، دەپ قارىدى».

**شىنجاڭدىكى پۇقرالار خاتىرجەم ياشىماقتا، مۇقىملىق پايدىسى ئۈزلۈكسىز قويۇپ بېرىلمەكتە**

«بىزنىڭ بۇ جايدا ئىلگىرىكى كېسەك ئۆيلەر ئەمەن ئۆيلەرگە ئۆزگەردى، پاتقاق يوللار ئاسفالت يوللارغا ئۆزگەردى، ئېشەك ھارۋىسىغا ئولتۇرۇش تويكىسىلىقتا، پىكاپقا ئولتۇرۇشقا ئۆزگەردى، كۆل سۈيى ئىچىش تۇرۇبا سۈيى ئىچىشكە ئۆزگەردى.» خوتەن ۋىلايىتى قاراقاش ناھىيەسىنىڭ چىنباغ كوچا باشقارمىسىدىكى كوناشەھەر مەسچىتىنىڭ ئىمامى مەمەت مەتىمىن مۇنداق دېدى: مۇشۇ جايدا تۇغۇلۇپ، مۇشۇ يەردە چوڭ بولغان جەنۇبىي شىنجاڭلىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يېقىنقى يىللاردىكى تۇرمۇش سەۋىيەمىزنىڭ تېز سۈرئەتتە ئۆسكەنلىكىنى ئۆزۈم بىۋاستە ھېس قىلدىم.

مەمەت مەتىمىن مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت يەنە مەسچىتكە مۇنچا، سۇلۇق ھاجەتخانا سېلىپ بەردى، ھاۋا تەڭشىگۈچ، ئىچىدىغان سۇ ئۇسكۇنىسى، ئاياغ قاپلىغۇچى ماشىنا قاتارلىق خەلققە قولاي ئۈسكۈنىلەرنى سەپلەپ بەردى، بىز دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىمۇ بارغانسېرى بەخت تۇيغۇسىغا ئىگە بولدۇق».

ناھايىتى كۆپ تەربىيەلەنگۈچى تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەن ماھارەتلىرى ئارقىلىق، ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈردى. قەشقەر شەھىرىدىكى ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئىمامى مەمەت جۇمە مۇنداق دېدى: مەن تونۇيدىغان تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى ئەكرەم تۇرسۇننىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئۆگىنىشى ئارقىلىق ھازىر قانۇنچىللىق قارىشى كۆرۈنەرلىك ئۆسۈپتۇ، «ئىلگىرى سودا ـ سېتىق توختامىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىغان ئۇ، ھازىر نېمە ئىش قىلسۇن ھەممىسىدە قانۇنغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، تەرتىپ بويىچە ئىش قىلىدىغان بوپتۇ. ھازىر ئۇ قاشتېشى بۇيۇملار دۇكىنى ئېچىپ، ھەر ئايدا 6000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىدۇ».

ئابدۇۋەلى ئابلىمىت مۇنداق دېدى: ئامېرىكا، غەربتىكى بىر قىسىم يامان نىيەتلىك كىشىلەر رەزىل مەقسىتىنى چىقىش قىلىپ، ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقىنى ئىنكار قىلدى، بۇنىڭغا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق قەتئىي قوشۇلمايدۇ.

شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى كېرەم ئابلىز مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى، ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست جەزمەن مەغلۇپ بولۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئىرادىمىز ئۇيۇل تاشتەك مەزمۇت، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قەدىمىمىزنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**